## 114424 ـ رەجەب ئېيىدا كۆمۈش ئۆزۈك سېلىش توغرىسىدا

### سۇئال

ئائىلىمىزدە قىز-ئوغۇل پەرزەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردىن كۆمۈش ئۈزۈك بىرىلدى، بۇ ئۈزۈكنىڭ يان ۋە ئاستى تەرەپلىرىدە بەزى ئەرەبچە سانلار بولۇپ، بۇ ئۈزۈكلەر ئاساسەن رەجەب ئېيىغا خاسلاشتۇرۇپ ياسالغان، ئىسلام دىنىدا بۇ شەكىلدە ئۈزۈك سېلىش توغرىمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاياللارغا ئۆزۈك سېلىش دۇرۇس بولغاندەك ئەرلەرگىمۇ كۆمۈش ئۆزۈك سېلىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باياان قىلىنغان ھەدىستە: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىغا خەت يازغان ياكى خەت يېزىشنى مەقسەت قىلغان ۋاقتىدا، ساھابىلاردىن بىرى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: ئۇلار مۆھۈر بىسىلمىغان خەت-چەكلەرنى ئوقۇمايدۇ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ دەپ خەت ئويۇلغان كۆمۈش ئۆزۈكتىن بىرنى ياساتتى، مەن ئۇ ئۆزۈكنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا پاقىراۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم،» دەيدۇ. [ئىمام بۇخارى رىۋايىتى 65 –ھەدىس. ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى 2092–ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ"ئەلمەجمۇئ" ناملىق ئەسەر 4–توم 340–بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "توي قىلغان ياكى توي قىلمىغان ئاياللار ئۈچۈن ئالتۇن ئۆزۈك سېلىش دۇرۇس بولغاندەك كۆمۈش ئۆزۈك سېلىشمۇ دۇرۇس بولىدۇ، بۇنىڭغا ئالىملار بىرلىككە كەلگەن، ھېچ ئىختىلاپ يوق. ئىمام خەتتابى رەھىمەھۇللاھ: "ئاياللارنىڭ كۆمۈش ئۆزۈك سېلىشى ياخشى ئەمەس، چۈنكى كۆمۈش ئۆزۈك سېلىش دېگەن ئەرلەرنىڭ ئالامىتى، ئەگەر ئاياللار ئالتۇن ئۆزۈك تاپالمىسا، كۆمۈش ئۆزۈكنى سېرىق رەڭدە بوياپ ئاندىن سالىدۇ "دەيدۇ. ئەمما بۇ سۆزنىڭ ئەسلى يوق بولۇپ، ئەڭ توغرىسى: ئاياللارنىڭ كۆمۈش ئۆزۈك سېلىشى چەكلەنمەيدۇ".

ئاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ئەرلەر مەيلى رەھبەر بولسۇن ياكى ئادەتتىكى كىشىلەردىن بولسۇن ئۇلارنىڭ كۆمۈش ئۆزۈك سېلىشى دۇرۇس بولىدۇ، بۇ ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى، ئەمما ئىلگىركى دەۋرىدە بىر قىسىم شام ئالىملىرىنىڭ رەھبەرلەردىن باشقا ئەرلەرنىڭ كۆمۈش ئۆزۈك سېلىشى ياخشى كۆرۈلمەيدۇ دېگەن سۆزى قۇرئان-ھەدىسنىڭ قارشى،

سەلەپ ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى بويىچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان سۆز بولۇپ، ئەبدەرىي ۋە باشقا ئالىملار بۇ توغرىدا ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان".

ئۆزۈك يۈزىگە نەقىش ئويۇش ۋە خەت يېزىش چەكلەنمەيدۇ، لېكىن رەجەب ئېيىغا خاس قىلىش توغرا بولمايدۇ، بۇنىڭ دىنىدا ھېچ ئاساسى يوق، ئەگەر رەجەب ئېيىدا ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش مەقسىدى ياكى باشقا مەلۇم مەقسەتلەر بىلەن ئۆزۈك سالغان بولسا خاتا قىلغان ۋە بىدئەت پەيدا قىلغان بولىدۇ.

مۇھىمى ئۆزۈكنىڭ ئۈستىگە پايدا ـ مەنپەئەتنى جەلىب قىلىدىغان ياكى كۆز تېگىش، ھەسەت ۋە جىندىن ساقلىنىش قاتارلىق ئىشلارغا پايدىسى بولىدۇ دەپ قاراپ، ھەر خىل سۆزلەرنى يازدۇرۇش توغرا بولمايدۇ.

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: كۆمۈش ئۆزۈك سېلىش ۋە ئۆزۈك ئۈستىگە نەقىش ئويۇش توغرا بولىدۇ، لېكىن ئۆزۈك سېلىش بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ياكى ئۆزۈكنى مەلۇم ۋاقىتقا خاسلاشتۇرۇپ سېلىش ياكى ئۆزۈكنى تەبەررۈك بىلىش ياكى تۇمارنىڭ ئورنىدا سېلىش چەكلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.